شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى، ۋېنگرىيە زۇڭلىسى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى، 20 دۆلەت گۇرۇھى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك سۇپىلاردا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئورتاق قوغداشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن ئافرىقىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى چوڭقۇر، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى دوست، ياخشى ھەمراھ، ياخشى قېرىنداشلاردىن. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا دۆلەتلىرى دۇچ كەلگەن يۇقۇم ۋە ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلىشىدەك قوش بېسىمنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ، ئۆزى يەنىلا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتەك غايەت زور بېسىمغا دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋالدا، كۆپ تۈركۈم قېتىم ئافرىقا ئىتتىپاقى ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىنى زور مىقداردىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەپ، پائال تۈردە ئافرىقا دۆلەتلىرىگە داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئافرىقا تەرەپ بىلەن مۇتەخەسسىسلەر سىن يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، دىياگنوز قويۇش، داۋالاش تېخنىكىسى ئالاقىسىنى تولۇق قانات يايدۇردى. جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئافرىقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى قوللاشنى زورايتىشنى ھەم 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ «قەرزنى كېچىكتۈرۈش تەشەببۇسى»غا پائال قاتنىشىشنى مۇراجىئەت قىلدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، جۇڭگو بىلەن ئافرىقا تەقدىرداش بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، ۋاقتىلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىشكە ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك موھتاج. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق ئافرىقىدىكى ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار بىلەن قەتئىي بىر سەپتە تۇرىدۇ. ئىككى تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقنى ماسلاشتۇرۇش جەريانىدا ئاكتىپ رول ئوينىشىنى قوللىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تېخىمۇ زىچ جۇڭگو - ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى خالايدۇ.

رامافوسا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جەنۇبىي ئافرىقا - جۇڭگو ئىككى دۆلەت نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئورتاق تونۇشقا ئىگە، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى مۇستەھكەم، ياخشى. جەنۇبىي ئافرىقا جۇڭگو تەرەپنىڭ تەيۋەن قاتارلىق جۇڭگونىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردىكى مەيدانىنى قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئافرىقا دۆلەتلىرىنى داۋاملىق تۈردە قىممەتلىك ياردەم ۋە مەدەت بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگو جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ھەقىقىي دوستى ۋە قىيىنچىلىق، خىرىسقا دۇچ كەلگەندە تايىنىشقا بولىدىغان ھەمراھى. ئافرىقا ئىتتىپاقى ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىنى قەتئىي قوللاپ، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى ئۈچۈن ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كەچتە ۋېنگرىيە زۇڭلىسى ئوربان بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇۋاتقان پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە، جۇڭگو - ۋېنگرىيە ئىككى دۆلەت خەلقلىرى جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولدى، ئۆزئارا ھەمدەم بولدى. جۇڭگو تەرەپ ۋېنگرىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى قەتئىي قوللايدۇ، داۋاملىق تۈردە ۋېنگرىيە تەرەپكە چامىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىدۇ. ئىشىنىمەنكى، سىزنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىڭىزدە، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان ۋېنگرىيە خەلقى چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىدا يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قەتئىي قوللايدۇ، ۋېنگرىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشنى، يۇقۇمنىڭ يامرىشىنى قەتئىي توسۇشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماكرولۇق ئىقتىسادىي سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا ئېلىپ كەلگەن خىرىسىغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش سىنىقىنى باشتىن كەچۈردۇق، جۇڭگو بىلەن ۋېنگرىيەنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، ھەمكارلىق ئىستىقبالى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. ئىككى تەرەپ يۇقۇمدىن كېيىنكى ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال پىلانلىشى، يۇقىرى قاتلام ئالاقىسىنى ساقلىشى، ئىقتىساد - سودا، مەبلەغ سېلىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى، رەقەملىك ئىقتىساد، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار قاتارلىق يېڭى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق ئۈستىدە پائال ئىزدىنىشى، ئادىمىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. مەن يۇقۇم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن سىز بىلەن بالدۇرراق كۆرۈشۈپ، جۇڭگو - ۋېنگرىيە ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ۋە جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئوربان مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو خەلقى جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك كونترول قىلدى، مەن بۇنى تەبرىكلەيمەن. ۋېنگرىيە خەلقى جۇڭگو تەرەپنىڭ ۋېنگرىيەنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى جىددىي ئېھتىياجلىق داۋالاش، مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرى قاتارلىق ياردەملەر بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلىگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، بۇنىڭغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىدۇ. ۋېنگرىيە تەرەپ باشتىن - ئاخىر بىر جۇڭگو سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ. ۋېنگرىيە - جۇڭگو ئىككى تەرەپ يۇقىرى تېخنىكىلىق ساھەلەردە ياخشى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى، بۇ ۋېنگرىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ۋېنگرىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئىقتىساد - سودا، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ، ئىلگىرىكىدەكلا ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى — جۇڭگو ھەمكارلىقنى قوللايدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىلنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشتۇرماي، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنىڭ رولىنى تېخىمۇ پائال جارى قىلدۇرۇپ، پۇختا، ساغلام پۇل سىياسىتىنى تېخىمۇ جانلىق، مۇۋاپىق قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ماكرولۇق سىياسەتنى يولغا قويۇش سالمىقىنى زورايتىپ، كۈچەپ كارخانىلارنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىسلاھاتقا تايىنىپ بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۇسۇلىنى تېز ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغنىڭ ئاساسىي ھالىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشنى چۆرىدەپ، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى سىجىل تۈزەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ تاماملاش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خەلقتە ئىشەنچ بولسا، ئاندىن دۆلەتنىڭ كەلگۈسى بولىدۇ، ئاندىن دۆلەتتە كۈچ - قۇدرەت بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، ئەمگەكچان، باتۇر جۇڭگو خەلقى تېخىمۇ ئىشەنچكە تولدى، ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلىدى، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى، نەزەرىيەسى، تۈزۈمى، مەدەنىيىتى كۈچلۈك ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى، مۆجىزىلەر جۇڭخۇا زېمىنىدا ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلمەكتە. بىزنىڭ كەلگۈسىگە تولۇق ئىشەنچىمىز بار. بىز دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى يېڭى تارىخىي ئورۇنغا ماسلىشىپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت ئۆزگىرىشىنى چىڭ كۆزلەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇلۇغ كۆرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، جاسارەت بىلەن يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك!

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بىز ياشاۋاتقان دۇنيا ئۈمىدكە تولغان، شۇنداقلا خىرىسقا تولغان. جۇڭگو خەلقى ئەزەلدىن ھەققانىيەت تۇيغۇسى ۋە ھېسداشلىققا باي، ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى بىلەن زىچ باغلاپ كەلگەن، باشتىن - ئاخىر ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ بۇ ئارزۇسى سەممىي، جۇڭگو قەتئىي باشقا دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرمايدۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ھېچقانداق دۆلەتكە تەھدىت شەكىللەندۈرمەيدۇ، جۇڭگو مەڭگۈ زومىگەرلىك قىلمايدۇ، مەڭگۈ كېڭەيمىچىلىك قىلمايدۇ. پەقەت باشقىلارغا تەھدىت سېلىشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەرلا، ئاندىن ھەممە كىشىنى تەھدىت دەپ قارايدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش سەممىي ئارزۇسى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىنى ھەرقانداق كىشى خاتا چۈشىنىۋالماسلىقى كېرەك، شۇنداقلا بۇرمىلاپ چۈشەندۈرمەسلىكى كېرەك. دۇنيادا ئەزەلدىن ئادىللىق بار! جۇڭگو تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، باشتىن - ئاخىر تىنچلىق، تەرەققىيات يولىدا ئېغىشماي مېڭىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئورتاق پايدا ئېلىشتەك ئوچۇق ئىستراتېگىيەنى يولغا قويۇپ، دۇنياغا تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو ئەقىل - پاراستى، جۇڭگو لايىھەسى، جۇڭگو كۈچىنى قوشۇپ، ئۇزاققىچە تىنچ، ئومۇمىيۈزلۈك بىخەتەر، ئورتاق گۈللەنگەن، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، پاكىز، گۈزەل دۇنيانى قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنىڭ قۇياش نۇرىنى دۇنياغا چاچىدۇ!

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي سىياسىي رەھبەرلىك كۈچى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب قىلىشتەك تارىخىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، جەزمەن باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىپ، ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيەنىڭ خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ، مەڭگۈ دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىپ، مەڭگۈ جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تايانچى بولۇشى كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېڭى دەۋر ھەربىر كىشىگە مەنسۇپ، ھەربىر كىشى يېڭى دەۋرنىڭ گۇۋاھچىسى، ياراتقۇچىسى، قۇرغۇچىسى. سەممىي ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق كۆرەش قىلغاندىلا، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ!

ئالدىنقى تۆت ئايدا ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ سانى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى

(بېشى 1 - بەتتە)

4 - ئايدا، ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 420 قېتىم، ئۆلچەملىك ساندۇق 38 مىڭ 700 بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 56.13% ۋە 70.28% ئېشىپ، بىردەك ئالاتاۋ پورتىنىڭ ئايلىق ئەڭ يۇقىرى رېكورتىنى ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بارغانسېرى كۆپ خەلقئارا پوچتا يوللىرى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا قاچىلىنىپ ياۋروپاغا توشۇلدى، ئالدىنقى تۆت ئايدا جەمئىي 226 ئۆلچەملىك ساندۇق پوچتا يوللىرى «يىۋۇ - شىنجاڭ - ياۋروپا» «جېڭجوۋ - شىنجاڭ - ياۋروپا» نۆۋەتچى پويىزىغا قاچىلىنىپ ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىقىرىلدى، ماللار ئاساسلىقى كۈندىلىك تۇرمۇش ماللىرى، رەقەملىك مەھسۇلاتلار، كىيىم - كېچەك، ئاياغ، باش كىيىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«4 - ئايدىن بۇيان شىركىتىمىز ۋاكالەتچىلىكىدىكى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سەككىز قېتىمدىن توققۇز قېتىمغىچە قاتناپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشتى، بارغانسېرى كۆپ خېرىدار جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنى خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى ترانسپورت شەكلى قىلىپ تاللىدى» دېدى ئالاتاۋ پورتى مەلۇم خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى كارخانىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى.

ئالدىنقى تۆت ئايدا، يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئومۇمىي جەھەتتىن زور دەرىجىدە تۆۋەنلەش — تەدرىجىي ئېشىش — پارتلاش شەكلىدىكى ئېشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. 2 - ئايدا كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن پەقەت بەش قېتىم قاتناپ، بۇلتۇرقى پۈتۈن يىللىق كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توققۇز - ئون قېتىم قاتناشقا سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى، 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئېشىشقا باشلىدى؛ 3 - ئايدا كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 قېتىمغا يېتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كېلىپ يۇقۇمدىن ئىلگىرىكى سەۋىيەگە يەتتى؛ 4 - ئايدا كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14 قېتىمغا يەتتى، بىر كۈندە ئەڭ كۆپ بولغاندا 22 قېتىمغا يېتىپ، پارتلاش شەكلىدە ئېشىش كۆرۈلدى.

«جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى مۇقىم، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن، ھاۋا ترانسپورتى، دېڭىز ترانسپورتىدىن يۆتكەلگەن مال مەنبەسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئالاتاۋ پورتى دۆلىتىمىزنىڭ جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق چېگرادىن كىرىش - چىقىش يولى بولۇشتەك رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ» دېدى ئالاتاۋ پورتى تاموژنا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش 2 - بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ ۋېي.

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىل، شىركەت يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ يېڭىپ، بەش ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئۆتكۈنچى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇت ئۆيلىرىنى زىننەتلەش، ئۆزگەرتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى قۇراشتۇرۇشنى تاماملاپ، «تيانشان يۈرۈشلۈكى» كومپيۇتېرنى تولۇق ياساشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ياسىمىچىلىقىدىكى بۇ بوشلۇقنى تولدۇردى.

جۇڭگو ئېلېكترون ئۇچۇر كەسپى گۇرۇھى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باش دىرېكتور چېن شىمىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە «تيانشان يۈرۈشلۈكى» كومپيۇتېرنى تولۇق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى قۇرۇشقا مەبلەغ سېلىپ، شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە دۆلەت سىرتىدىكى ئىككى بازارنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە يۈزلىنىپ، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار زاپچاسلىرى، تولۇق كومپيۇتېر قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو ئېلېكترون ئۇچۇر كەسپى گۇرۇھى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىق، داۋالاش - ساغلاملىق، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش، چوڭ سانلىق مەلۇماتلارنى قوللىنىش، سانائەت ئالاقە تورى، زامانىۋى رەقەملىك شەھەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى چوڭقۇر ھەمكارلىقنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ھەم شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بازىرىنى كېڭەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، شىنجاڭدىكى بازىنى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللىنىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان كەسپلەر ئېگىزلىكىگە ئايلاندۇرۇشنى پىلانلىدى.